# خىتايلاشتۇرۇش, جىنسىي زوراۋانلىق ۋە باشقىلارنىڭ رازىلىقىسىز نازارەت قىلىش:
# (ئۇيغۇر سوت كوللوگىيەسى ئۈچۈن تەييارلانغان دوكلات)

## داررەن بيلەر(Darren Byler)

تەتقىقاتچى دارربېن بايلېر بۇ دوكلاتتا خىتتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوللانغان بىر قانچە ئەۋلاد پىلانلىق تۇغۇت، جىنسىي زوراۋانلىق ھەمدە ئۇيغۇر ئا'ئىلىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەم دىنىي ئادەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلىشىدەك سىياسەتلىرىنىڭ بۇ مىللەتكە ئەكىلدىغان تەسىرىنى ئويلاشقان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت ھۆججەتلىرىنى تەھلىل قىلغان ۋە خىتتاي پۇقرالىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن. يۇقارقى ئىزدىنىشلىرىگە ئاساسەن، ئۇ خىتتاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياستى، خەنزۇ ئەرلەر بىلەن ئۇيغۇر ئاياللارنى مەجبۇرىي تويلاشتۇرۇش ۋە لاگېرلارنىڭ ئىچى ھەم سىرتىدىكى مۇسۇلمان ئاياللارغا قارىتىلغان جىنسىي زوراۋانلىق قاتارلىق مەسىلەرگە ئەستايىدىل قاراپ چىققان.

**بىرىنچى**، بايلېر نىشانلىق خىتتايلاشتۇرۇش پروگراممىسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلىشىنى تەھلىل قىلغان. ئۇ كۆپىيىشنى نازارەت قېلىش پروگراممىسىنىڭ خاراكتېرى كۆزۈتۈلۈش ئوبىكتلىرىنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى قەيىت قېلىدۇ.
خىتتاينىڭ يۇقارقى پروگراممىا ئەمەلىيىتىدىكى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغاندىغان نۇقتىلار ئۇنىڭ يەكۈنىنى تەستىقلايدۇ. مەسلەن، يېقىندا يولغا قويۇلغان قانۇنسىز تۇغۇت ۋە قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى دوكلات قېلغانلارنى مۇكاپاتلاش ھەمدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى بەلگىلىمىلەر دىگەنگە ئوخشاش.

تەتقىقاتچى بەيلار يەنە تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنى نازارەت ئاستىغا ئەلىش، بولۇپمۇ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى دائىملىق باھالاش خىزمىتىنى تىلغا ئالغان؛ نازارەت قىلىش بەلگۈلىمىلەرگە ئاساسەن، نازارەت ئوبىكتى بولغان ئۇيغۇر ئاياللارغا بۇنداق تەكشۈرۈشلەر ئالدىن دەپ قويۇلمايدۇ ھەم تۇيۇقسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ھۆكۈمەت ئىشلىتىۋاتقان تەدبىرلەر يەرلىك ئاياللارغا مەجبۇرى يوسۇندا IUD يەنى ئۈزۈك سالدۇرۇش ياكى ئۇلارنى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ئاپتورنىڭ مۆلچەرىچە، نەچچە ئونمىڭلىغان ئادەم دەل مۇشۇ تۇغۇت چەكلەش سىياستىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. ئۇ يەنە تۇغۇتتا نورمىغا توشقان ئائىلىلەردە بېقىۋېلىشنى يولغا قويۇشتەك تەدبىرلەرنىڭ يولغان قويۇلىشى، ئۇرۇق-تۇققانلارنى لاگىرغا كىرىپ كەتكەن مەھبۇسلارنىڭ بالىلىرىغا كۆكۈل بۆلۈشتىن توسقان. ئۇ بۇنداق پروگىراممىلار مەخسۇس ئۇيغۇر ۋە قازاق ئاياللىرىنى نىشان قىلىپ تۈزۈپ چېقىلغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ خەنزۇ ئاياللار ئارىسىدا بولسا ئەۋلاد سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتەك بىر خىل ئۇسۇلدا قوللىلىغانلىقىنى، يەنى بۇنىڭ غەيرى ''ياۋروپا ئېرقىدىن بولمىغانلارنى يوقۇتۇش'' سىياستىنىڭ ئىجراسى ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئىككىنچى**، تەتقىقاتچى بەيلارنىڭ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى ۋە دۆلەت ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈشىدىن مۆلچەرلىشىچە، قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئۈچتىن ئۈچ قىسمى 18 ياشتىن 55 ياشلار ئارىسىدىكى ئەرلەردىن ئېبارەت. نەتىجىدە بۇ قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ، يەنى دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئويىنىڭ ئىقتىزادىنى قامدايدىغان ئەرلەر نىسبىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە «يوقاپ كېتىشى» نى كەلتۈرۈپ چېقىرىدۇ. بىز يۇقارقى ئەھۋاللارنى تۇتۇپ كەتىلگەن ئەر مەھبۇسلارنىڭ ئاياللىرى ياكى ئايال بىر تۇغقانلىرىنىڭ بېشىدىكى

قىسمەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، بۇنداق ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئاياللارنىڭ خەنزۇ ئەر «تۇغقانلىرى» بىلەن توي قىلىش بېسىمىنىڭ ئەشىپ بارىدىغىنىنى بىلەلەيمىز.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تۇغقان» دېگەن سۆز خىتاي دۆلىتى شىنجاڭدا يولغا قويغان خىتتاي ۋە يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەجبۇرى «بىر ئائىلە بولۇش ياكى قوشماق تۇققان» پروگراممىسىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن چۈشىنىلىدۇ. يەنى ئون مىڭلىغان دۆلەت مەمۇرىيلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدە بىللە تۇرۇپ يەرلىك ئائىلىلەرنى نازارەت قىلىشى ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، يەرلىك مىللەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدىن ۋاز كېچتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تېخمۇ كەڭ دۆلەت سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇنىڭدا مىللەتلەر ئارا توي قېلىش ئارقىلىق ئالىدىغان مەنپەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، خىتتايلار بىلەن توي قېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە شۇنىڭغا ماس بىر سىياسىي بېسىم يارىتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس خەنزۇ ئەرلەرگە توي قېلىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

خەنزۇ ئەرلەر ۋە ئۇيغۇر ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مەجبۇرىي «تەڭ مەۋجۇت بولۇش»، دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلىۋاتقان باشقا تەدبىرلەردىن سىرىت، ئۇيغۇر ۋە قازاق ئاياللىرىنىڭ خەن ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا دۇچ كېلىدىغان بېسىملارنىڭ بىر خىل «تۈزۈملىشىشى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يۇقارقىدەك ئېلېمېنتلارنىڭ ھەممىسى بۇ رايوندىكى جىنسىي زوراۋانلىقنىڭ مۇنبەت تۇپرىقنى يارىتىدۇ، يەنى ئۇيغۇر ۋە قازاق ئاياللار، مەيلى لاگىر ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، خەنزۇلارغا تېگىش-تەگمەسلىكنى ئەركىن قارار قىلالمايدۇ.

**ئاندىن**، ئاپتور پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ۋە بىر-بىرىگە كېرىشتۈرۈۋېتىلگەن نازارەت سىستېمىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەن. بۇ خىل ناھايىتى مۇرەككەپ «رەقەملىك» تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ بۇ رايوندا ياشايدىغان 24 مىليون نوپۇسنى «قورشاۋ» غا ئېلىشتىن سىرىت، دۆلەت يەنە بۇ رايونغا يۈز مىڭلىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىمنىڭ «ئىشەنچلىك»، «نورمال» ياكى «ئىشەنچسىز» لىكىنى ئېنىقلاش، ئاندىن «ئىشەنچسىز» دەپ قارالغانلارنى «قايتا تەربىيىلەش» لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلىشىنى باھالىغان. ئاشۇ خەن «تۇغقانلار» دۆلەتنىڭ تەشۋىقاتىدىكى «قوشماق تۇققان بولۇش» پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تۇققانلار شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ئارىسىدا خەنزۇلارغا قارىتا ھەر قانداق نارازىلىق كەيپىياتى بار-يوقلۇقىنى بايقاش ياكى ئۇلارنىڭ خىتتايچە ۋەتەنپەرۋەرلىك پا'ئالىيەتلىرىگە بولغان قىزغىنلىق دەرىجىسىنى بېلىش ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەرتىلگەنلەردۇر.

**دوكلات ئاخىرىدا**، داررېن بايلېر تۈمەنلىگەن يېڭى ساقچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تەھلىل قىلغان. بۇنداق ساقچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەن سەۋىيىلىك توختاملىق خىزمەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار «ياردەمچى ساقچى» دەپ ئاتالغان. بۇ خىزمەتچىلەر، ئەڭ ئادەتتىكى مەشىقتىن كېيىنلا، نۇرغۇن قورال ۋە ھوقۇق بىلەن تەمىنلىنىپ، رايوندىكى مۇسۇلمانلارنى نازارەت قىلىش ۋە كونترول قىلىشتەك ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدۇ.

ئاپتور بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانلىق ھوقۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىشلا بولماستىن، بۇنداق ساقچىلىقنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى ناھايىتى گۇمانلىق دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، بۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئۆز رايوندىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاش ئۆچۈن «نورما» بېرىلگەن، يەنى ئۇلار مەلۇم مۇددەت ئىچىدە مەلۇم ساندىكى جىنايەتچى گۇماندارلارنى تۇتۇشى كېرەك. بۇ تەبىئىيلا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋاللىرى توغرۇلۇق كەڭ دائىرلىك سانلىق مەلۇمات توپلاش ۋە ئارخىپ تۇرغۇزۇشقا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

**خۇلاسىلىساق**، بۇ دوكلات بىزنى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارسىز يولغا قويۇلىۋاتقان قانۇندىن ھالقىغان دەرىجىدىكى كونترول قىلىنىشى ۋە ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە بولۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.